بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ۋە ئىلىم – پەن

مەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا بىر "ياراتقۇچىنى" ئېتىراپ ياكى ئىنكار قىلىش پەقەتلا ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىغا باغلىق مەسىلە بولۇپ، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتقا چېتىشلىق بولىدۇ ، بۇ مەسىلىنى ئىلىم – پەننىڭ زامانىۋى كەشپىياتلىرىنى خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمايدۇ، ھەمدە دىنىنىڭ ئىلىم–پەننىڭ زامانىۋى كەشپىياتلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق– دەپ ئويلايتىم.مەن الله نىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش ئوبيېكتى قىلغان بەزى دىنى ۋە باشقا كىتاپلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىش جەريانىدا يازغۇچىلارنىڭ مەقسەتلىرىنى ئىسپاتلاش ۋە پاكىتلىرىنى ئىلمىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىلاھىي كىتاپ قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىس شەرىپلەرگە تايانغانلىقىنى ، بۇ ئۇسۇلنىڭ كىتاپخانلارغا سەلبىي تەسىر بەرگەنلىكىنى بايقىدىم . چۈنكى كىتاپخانلار تېخىچە الله غا ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك كىتاپلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن ئىدى. مۇئەللىپلەر بەزىدە ئاتېئىستلارنىڭ ئەقىل – پاراسىتىنى مەسخىرە قىلىش ۋە بارچە غەيرى مۇسۇلمانلارنى ئەيىبلەش ئۇسلۇبىنى قوللىناتتى . مېنىڭ قارشىمچە بۇ ئۇسلۇب توغرا ئەمەس . چۈنكى بۇنداق قىلغانلىق باشقىلارنىڭ قارىشىغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق ۋە پىكىر ئەركىنلىكىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق ھېسابلىناتتى . يەنە كېلىپ قارشى ئىدىيەدىكى كىتاپخان بۇ تۈردىكى كىتاپلارنى كۆرسە قولىغا ئالا–ئالمايلا چۆرۈپ تاشلايدۇ–دە كىتاپنىڭ يېزىلىشىدىكى مۇددىئا دېگەندەك غەلبىگە ئېرىشەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىشتىكى ئىسلامچە مېتود ئەمەس. بۈيۈك الله مۇقەددەس كىتاۋىدا ھەققانىيەتچى، ئادالەتپەرۋەر ئىسلامغا ، مۇسۇلمانلارغا ، بارچە ئىنسانىيەتكە ھارماي–تالماي خىزمەت قىلىشنى چىن دىنى بۇرچى دەپ بىلىدىغان ئىسلامچىلارغا خىتاب قىلىپ :â ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ) (النحل:125) á

« پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ( ئىسلام دىنىغا ) ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا گۈزەل ۋەز– نەسىھەت بىلەن چاقىرىق قىلغىن!مۇخالىپەتچىلىق قىلغانلار بىلەن ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق چىرايلىقچە مۇنازىرىلەشكىن ..» دەيدۇ[ س/ نەھل:125–ئا]

يەنە بىر ئايەتتە: â فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ) (آل عمران:159) á «ﷲ نىڭ شەپقىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ ، ناۋادا سۆزلىرىڭدە قوپال باغرىڭ قاتتىق بولغان بولسا ئىدى، كىشىلەر ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كەتكەن بولاتتى ، ئۇلارنى ئەپۇ قىل ( يەنى ئەپۇچان بول! ) ئۇلار ئۈچۈن ﷲ دىن مەغپىرەت تىلىگىن ، ئىشلاردا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن! كېڭەشكەندىن كېيىن بىرەر ئىشقا بەل باغلىساڭ ، ﷲ غا تەۋەككۈل قىلغىن! ﷲ غا تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى ﷲ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ» [ س/ئال ئىمران:159–ئا] دېگەن.

خوش ، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى ، ھەقىقەتەن دىن بىلەن ئىلىم–پەن ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوقمۇ؟ بەزى ئالىملارنىڭ دېگىنىدەك ئىلىم –پەن بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان زىدىيەت ھەقىقەتەن مەۋجۇدمۇ؟ بۇلار بىزنىڭ بۇ ماقالىمىزدىكى ئىزدىنىش ئوبيېكتىمىز . ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتساق دىيارلىرىمىزدا ئىسلام دىنى ئاڭ ، مۇھىت ۋە جەمئىيەت قاتارلىقنىڭ بىرىكمىسى سۈپىتىدە مەلۇم تەرتىپ ۋە قانۇن بويىچە تەرەققى قىلىدىغان بىر خىل ئابستراكىت نەرسە دەپ قارىلىدۇ. ئىسلام دىنىغا ئائىت بارچە مەسىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىمىزغا چۈشەندۈرۈشتە قوللانغان مېتودلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىدىغان بولساق ئۇلارنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى توغۇرلۇق بىر خىل پاسسىپ قاراشتا ئىكەنلىگى ئانچە ھەيران قالارلىق ئەمەس . ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى ئىنسانىيەت ئىدىيىسىنىڭ باش قۇماندانى بولغان تەشۋىقات قوراللىرىدىمۇ ئىسلام دىنى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر ئەرەب تەرىپىدىن ( بەرپا ) قىلىنغان دىن دەپ ئەكسىيەتچىل تەشۋىق–تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ . بۇنىڭدىكى مۇددىئا ئىسلام دىنى پەيغەمبەر ( مۇھەممەد ) نىڭ جىھادى بىلەن تارقالغان ، بۇنىڭ ( ۋەھيي ) بىلەن تۈپتىن ئالاقىسى يوق دېگەن خاتا قاراشنىڭ كىشىلەر ئىدىيىسىدە داۋاملىق دەۋران سۈرۈشىنى مەقسەت قىلغانلىقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى زىيالىلار ساھەسىدىكىلەر مۇسۇلمانلارغا بىر خىل مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايدۇ. مەن بۇنى بەزى زىيالىلاردىن قۇرئان ۋە ئىلىم–پەندە تىلغا ئېلىنغان بىرنەچچە مەسىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئۆرتاق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان چېغىمدا ھېس قىلدىم . ئۇلار بۇنى بىلىم ئالماشتۇرۇش بابىدىن بولسىمۇ، تۈپتىن رەت قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىلىم–پەن بىلەن قۇرئاننى سېلىشتۇرۇش گويا ئوت بىلەن سۇنى سېلىشتۇرغانلىق ئىدى . بىراق نۆۋەتتە تەرەققى قىلغان ئىلغارئەللەر ئىدىيىسىدە بۇ مەسىلە توغۇرۇلۇق تۈپتىن ئۆزگۈرۈش بولىۋاتىدۇ. بۇنىڭ جانلىق پاكىتى خەلقئارالىق بىر نەچچە يۈز تەبىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئىسلامنى ئىلمىي ئاساستا قوبۇل قىلىشىدۇر .( بۇ ھەقتە مانابۇ ھەقىقەت نامىلىق سىن ئالغۇ لېنتىسىغا قارالسۇن !).

دىن بىلەن ئىلىم–پەن ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە مەسىلىسىگە كەلسەك بىز ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان قۇرئان كەرىمگەقىسقىچە نەزەر تاشلايلى :

تەخمىنەن بۇنىڭدىن 1400 ئىلگىرى ( مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان قۇرەيش ئەرەبلىرى ئۆزلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى . ئىلىم – مەرىپەتنى بىر خىل پەس نەرسە سۈپىتىدە كۆرەتتى . شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە (مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالامغا [ ئەلەق ] سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى بەش ئايىتى نازىل بولدى :â اقرأ باِسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ(العلق:1)á« سېنى يوق يەردىن پەيدا قىلغان پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇغىن !»

â خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ (العلق:2) á الله ئىنسانىيەتنى بالىياتقۇغا ئېسىلىپ تۇرىدىغان زۇلۇك قۇرتىغا ئوخشاش ئۇيۇلما قاندىن ياراتتى .

â اقرأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ (العلق:3) á « سەن ئوقۇ ! پەرۋەردىگارىڭ بولسا ، ئوقۇغانلارغا ئەڭ كەرەملىكتۇر» .

âالَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ (العلق:4) á « ئۇ قەلەم بىلەن ئىنسانىيەتكە ئىلىم–مەرىپەتنى ئۆگەتتى».

â عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ (العلق:5) á « الله ئىنسانىيەتكە بىلمىگەنلەرنى بىلدۈردى»

قۇرئاندا بىرىنچى بۇلۇپ نازىل بولغان بۇ بەش ئايەتلەرنى ياخشى مۇھاكىمە قىلساق ، بىز بۇ ئايەتتە شۇ زاماندا ئىلىم–مەرىپەتنىڭ بىردىن–بىر ھەركەتلەندۈرگۈچ قورالى بولغان قەلەمنى تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرىمىز ۋەھالەنكى باشقىلاردىن كۆرە ( مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ قەلەمنى ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى ۋە بارچە ئىنسانىيەتتۇ نۆۋەتتە بىز بىلگەندەك قەلەمنىڭ ھەقىقى ئەھمىيىتىنى ئاڭقىرالمايتتى . بىز ياخشى تەپەككۇر قىلساق ، ناۋادا قۇرئان ( مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالامنىڭ كالامى بولغان بولسا ئۆزى ئېستىمال قىلىشنى بىلمىگەن قەلەمنى تىلغا ئالمىغان بولاتتى ئەلۋەتتە.

بىز ئىلىم – مەرىپەتنىڭ قۇرئاندىكى ئورنىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئايەتنى بىرگە كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقايلى :â قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ) (الزمر:9) á

« ئى مۇھەممەد ئېيتىپ باققىن ، بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەر تەڭ بولالامدۇ ؟ ھەرگىزمۇ تەڭ بولالمايدۇ . (س/زۇمەر:9–ئا.)

« ﷲ â يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا العِلْمَ دَرَجَاتٍ)(المجادلة: من الآية11) á

سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى بىلەن ئىلىم – مەرىپەت ئاتا قىلىنغانلارنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتىرىدۇ.( س/ مۇجادەلە :11–ئا.)

« ماھىيەتتە ﷲ دىن ئالىملار ھەقىقى âإِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ)(فاطر: من الآية28) á

رەۋىشتە قورقىدۇ.(س/ فاتىر: 28 ئا.)»

بىز يۇقۇرقى ئايەتلەردىن قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلىم–مەرىپەتكە بەرگەن باھاسىنى ئېنىق كۆرۋالالايمىز.ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان كەرىمدە ئىلىم–پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان كائىناتلار توغۇرلۇق تەخمىنەن 900 غا يېقىن ئايەت بار. بۇ ئايەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىي مەنبەگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىڭ جانلىق پاكىتى سۈپىتىدە شۇ زاماننىڭ ئۆزىدە ئىنسانىيەتنىڭ بىلەلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان كائىناتلارنىڭ ئىنچىكە سىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى تۆۋەندىكى ئايەت ناھايىتى جانلىق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

â سَنُرِيهِمْ آيَاتِنَا فِي الْآفَاقِ وَفِي أَنْفُسِهِمْ حَتَّى يَتَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُ الْحَقُّ أَوَلَمْ يَكْفِ بِرَبِّكَ أَنَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ) (فصلت:53)á « قۇرئانغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرگە تاكى قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگى ھەقىقى ئېنىق بولغىچىلىك , ئاسمانلار ۋە زېمىن ئەتراپلىرىدىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلمىلىرىدىكى ، قۇرئاننىڭ مۇتلەق ھەق كىتاپ ئىكەنلىگىنى دەلىللەيدىغان ئاللامەتلەرنى كۆرسىتىمىز . ئۇلارغا سېنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىككىڭنىڭ پاكىتى بولۇشقا , پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى كۇپايە ئەمەسمۇ....؟! » ( س/فۇسسىلەت:53ئا) .

« قۇرئان كەرىم ، تەۋرات ، ئىنجىل ۋە ئىلىم–پەن » دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى خەلقئارالىق پروففېسسور [ موررىس بوكاي [ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پادىشاھى [ فەيسەل ](ياتقان جايى جەننەت بولسۇن..!) نىڭ خۇسۇسى دوختۇرى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدا [ فەيسەل ] ۋە ئۇنىڭ سۆھبەتداشلىرىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، مۇشۇنداق مەدىنىيەت سەۋىيەگە ئىگە يۇقۇرى تەبىقىدىكى كىشىلەرمۇ تېخىچە دىنغا ئىشىنىدىكەن ھە ! ، بىز ياۋرۇپالىقلار ئىلىم– پەننىڭ كۈنسېرى تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ دىنىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تۇنۇپ چىركاۋنى چۆرۈپ تاشلىدۇق . ئەجەبا بۇلار دىنىنى تاشلىمايتىغۇ .جەزمەن بۇلار دىنلار توغۇرلۇق بىز بىلگەننى بىلمىسە كېرەك . مەن بىز نىڭ ئالىملىرىمىز نۆۋەتتىكى « تەۋرات » ۋە « ئىنجىل » نىڭ ، ﷲ نىڭ كىتاۋى بولماستىن ئالىللقاندىق كىشىلەر تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان يىگىچە مېتودىنى قوللۇنۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ ﷲ نىڭ كالامى بولماستىن بەلكى ( مۇھەممەد)نىڭ

ئەسرى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئاساستا ئىسپاتلاپ بېرىمەن دەپ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى داڭلىق دىنى ئالىملارنى يىغىپ ، ئۇلاردىن : « سىلىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋىڭلار بولغان قۇرئان كەرىمدە ، تەبىئەت ، كائىناتلار توغۇرلۇق ئايەتلەر بارمۇ » دەپ سۇرايدۇ . دىنى ئالىملار: « بۇ توغۇرلۇق قۇرئان كەرىمدە تەخمىنەن 900 يېقىن ئايەت بار» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ . فىرانسىيلىك بۇ پروفېسسور«تاپتىم .. تاپتىم...ئەمدى مەن يېقىندا ئىسلامىيەتتىكى ۋاقتىلىق بومبىنى پارتىلىتىمەن.بارچە ئالەمگە قۇرئاننىڭ [مۇھەممەد]نىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بىرىمەن » دەپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. دىنى ئالىملار پروفېسسوردىن :- « نېمىنى تاپتىڭىز ؟! » دېگەندە پروفېسسور جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: « قۇرئان كەرىم تەبىيئەتكە ئائىت ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى دېگەنلىك خۇراپاتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى دېگەنلىك . خۇراپاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى دېگەنلىك قۇرئان ﷲ نىڭ كالامى ئەمەس [مۇھەممەد] نىڭ ئەسىرى دېگەنلىك ، چۈنكى [مۇھەممەد ] 1400 يىل بۇرۇن تەبىئەت ۋە كائىناتلار توغۇرلۇق سۆزلىگەن بولسا ، چۇقۇم خاتالىشىدۇ ۋە بۇ ھەقتە قولۇمىزدىكى تەۋرات- ئىنجىللارنىڭ يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش خۇراپىي قاراشلارنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ( مۇھەممەد ) ياشىغان زاماندا ئىلىم-پەن تەرەققى قىلمىغان . تەبىئەت ۋە كائىناتلارنىڭ سىرلىرى يېشىلمىگەن . شۇڭا ئۇ زاماندا تەبىئەن ۋە كائىناتلار ھەققىدە خۇراپاتلار ئەۋج ئالغان . [مۇھەممەد] مۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش تەبئىيەت ۋە كائىناتلارغا نىسبەتەن شۇ زاماندا ئىلغار ئەمما ھازىرغا كۆرە خۇراپات ھېساپلىنىدىغان نەزەرىيەرنى قۇرئان ئوتتۇرغا قويغان بولىدۇ » دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ پروفېسسور [ موريس بوكاي ] ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاننى قۇرئان تىلى بىلەن تەتقىق قىلىمەن دەپ ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلاپ ساق 10 يىل جەريانىدا ئەرەب تىلنى ئۆگىنىپ ۋە ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىپ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان تەبىيئەتكە ۋە كائىناتلارغا تەئەللۇق ئايەتلەرنىڭ ئۇقۇمىنى بىلەن زامانىۋى ئىلىم-پەن تېپىپ چىققان تەبىئەت ۋە كائىناتلارنىڭ سىرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدۇ. 10 يىلدىن كېيىن دوستلىرى ئۇنىڭدىن :«ئىسلامىيەتتىكى ۋاقتىلىق بومبا قاچان پارتلايدۇ؟ » دەپ سورىغاندا ، ئۇ « پارتىلدى . ئىسلامىيەتتىكى ۋاقتىلىق بومبا پارتىلدى » دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. « قانداق پارتىلدى ؟ »دەپ سورالغاندا ، « قۇرئاننىڭ ﷲ نىڭ كالامى ئىكەنلىگى ئىلمىي ئىسپاتلىنىش بىلەن پارتىلدى . مەن قۇرئاندىكى تەبىئەت ۋە كائىناتلار غا تەئەللۇق بارچە ئايەتلەرنى زامانىمىزدىكى ئىلىم-پەننىڭ يېڭى كەشپىيالىرى بىلەن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ قۇرئاندا بىرەر خاتالىقنى تېپىشقا شۇنچە ئۇرۇنغان بولساممۇ ، بىرەر ئايەتنىڭ ئىلىم-پەننىڭ يېڭى كەشپىيالىرى بىلەن زىت كېلىدىغانلىقىنى تاپالمىدىم بەلكى قۇرئان كەرىم 1400 يىل بۇرۇن تىلغا ئالغان ۋە شۇ زاماننىڭ ئۆزىدە بارچە ئىنسانىيەتنىڭ بىلەلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئىلىم-پەننىڭ ئەمدى تېپىپ چىققانلىقىنى يەكۈنلەپ چىقتىم . بۇ ماڭا قۇرئاننىڭ ھەقىقەتەن ﷲ نىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلاپ بەردى » دەپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ « قۇرئان كەرىم ، تەۋرات ، ئىنجىل ۋە ئىلىم–پەن » دېگەن كىتاۋىنى 1970 يىللىرى يېزىپ چىققان ھەمدە بوتۇغۇرلۇق فرانسىيە پەنلەر ئاكادىمىيىسىدىكى ئالىملارغا نۇتۇق سۆزلىگەن ۋە نۇتۇق سۆزلەش جەريانىدا ( مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ۋە قۇرئاننىڭ بۇرۇن ئۆزلىرى ئويلىغاندەك (مۇھەممەد ) ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىرى بولماستىن بۈيۈك ﷲ نىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرغا قويغان ۋە بۇنى ئىلمىي دەلىل–پاكىتلار بىلەن تەكىتلىگەن بولسىمۇ ، ئۆمۈر بويى ئىسلامغا بىرتەرەپلىمىلىك بىلەن قاراپ كەلگەن فرانسىيە نىڭ داڭلىق تەبئىي پەن ئالىملىرىدىن بىرەرسىمۇ بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈشكە قادىر بۇلالمىغان .

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىلمىيلىگى تولىمۇ مۇرەككەپ تەتقىق قىلىپ كەڭ كۆلەملىك ئىزدىنىشقا تېگىشلىك تېمىلار نۇرغۇن . قۇرئان ئىچىگە ئالغان ئىلىم–بىلىملار ھەققەتەنمۇ بىپايان كەڭ ئالەم . ئۇنىڭدا نى–نى تەتقىقاتلارنى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە قۇرئاندىن شەكىلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولغان بارچە ساھەدىكىلەرگە بېرىدىغان تەكلىپىمىز، ئۇلارمۇ پروفېسسور [ مورىس بوكاي] دەك قۇرئان كەرىم ئۈستىدە ئىلمىي دەلىل–پاكىتلارغا ۋە ئەقىلغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ھەر تەرەپلىمە تەھلىل قىلىش چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

ئەمدى ئۇزۇندىن بېرى خەلقئارامىسىنىڭ ئېڭىنى بۇرمىلاش مەقسىتىدە ئەتەي تارقىتىلىپ كېلىۋاتقان ئىلىم – پەن بىلەن دىن ئوتتۇرسىدا كېلىشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان زىددىيەت بار دېگەن مەسىلىگە كەلسەك بۇ مەسىلە دەسلەپتە خىرىستىئان دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان ياۋرۇپادا مەيدانغا كەلگەن . بۇ مەسىلىنى تەپسىلىراق چۈشۈنەلىشىمىز ئۈچۈن ئازراق تارىخ ئوگىنەيلى :

مىلادى 1– ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا « ئەيسا » ( ئە س ۋە ) ﷲ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىككە تاللىنىپ ئەۋەتىلگەن .

ئەمما بەختكە قارشى يەھۇدىيلار سۇيقەست قىلىپ گ رېكلار پادىشاھى « پىلاتوس بىنتى » (36–26م ) قا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى ھاكىمىيەتكە تەھدىد دەپ چىقىپ يوقاتماقچى بولغان . « ئەيسا » ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ﷲ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇزۋالغان بولسىمۇ ئەمما " گرېك پادىشاھلىقى " ۋەھشىلىك بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قەتلىئام قىلىپ بارچە ئىنجىللارنى ( ئىنجىل [ ئىفانجىليون] دېگەن گرېكچە سۆزدىن كەپ چىققان ئەرەپچە سۆز بولۇپ خۇش–بىشارەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) كۆيدۈرۈپ تاشلىغان . شۇنداق قىلىپ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قەتلىئام قىلىنىشى ۋە ئىنجىلنىڭ كۆيدۈرىلىشى بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ﷲ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ئەسلى تەلىماتى يەرشارىدىن

يوقالغان . مىلادى ئىككىنچى ئەسىردىن باشلاپ بىر ئەسىر ئىچىدە نۆۋەتتە خرىستىيانلار توغرا دەپ ئىتىپاق كەلگەن 4 ئىنجىل « مەتتا »، «مەرقۇسە »، « لوقا » ۋە « يۇھەننا » قاتارلىق شەخسلەر تەرىپىدىن ئەستە تۇتۇش قابىلىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ۋە تەلىماتلىرىنى ئاساسى مەزمۇن قىلىنىپ يېزىلغان . شۇڭا بۇ ئىنجىللار) « مەتتا » نىڭ ئىنجىلى ، «مەرقۇسە » نىڭ ئىنجىلى، « لوقا » نىڭ ئىنجىلى ۋە « يۇھەننا » نىڭ ئىنجىلى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بىراق بۇ 4 ئىنجىل مەزمۇن جەھەتتىن بىر–بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدۇ . ئېيتايلۇق ئەيسا ئەلەيھىسسالام « ئىنجىل مەتتا » دا پادىشا دەپ تەسۋىرلىنىدۇ . « ئىنجىل مەرقۇسە » دا خىزمەتكار دەپ تەسۋىرلىنىدۇ . « ئىنجىل لوقا » دا ئاددى ئىنسان دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. « ئىنجىل يۇھەننا » دا بىر قېتىم الله تەسۋىرلەنسە يەنە بىر قېتىم الله نىڭ ئوغۇلى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ .دېمەك ئۇ ئىنجىللاردا جەۋھەرى ئىختىلاپلار بار. يەنە كېلىپ ئەسلى « ئىنجىل » ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا دەۋر سۈرگەن ئەدەبىي ۋە تىجارەت تىلى بولغان ئارامى تىلى بىلەن نازىل بولغان بولۇپ كېيىن يازغانلار قەدىمقى گېرىتسىيە تىلى بىلەن يازغان . ئەڭ قەدىمقى ئىنجىلنىڭ تېكىستىنىڭ تارىخى مىلادىنىڭ ئىككىنچى ئەسىرىگە قايتىدۇ. پادىشا « قوستەنتىن » (280–337م ) زامانىسىدا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ پادىشا « قوستەنتىن » نىڭ خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن خرىستىيانلارنىڭ دىنى ئەركىنلىكى كاپالەتلىنىپ يېزىلغان ئىنجىلنىڭ سانى 72 ئىنجىلغا يەتكەن . مىلادى 325 يىلى پادىشا « قوستەنتىن » نىڭ پەرمانى بىلەن خرىستىيان دۇنياسىدىن 1008 چىركاۋ بىرلىشىپ 300 چىركاۋ « ئىنجىل مەتتا » ، « ئىنجىل مەرقۇسە » ، « ئىنجىل لوقا » ۋە « ئىنجىل يۇھەننا » دىن ئىبارەت 4 ئىنجىلنى 72 ئىنجىللارنىڭ ئارىسىدىن تاللىۋالغان . ئەمما قالغان چىركاۋلار بولسا ھەممىسى ئۆلرى خلىغان ئىنجىلنى تالىۋىلىشقان.ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چىركاۋلاردا ئىنجىلنىڭ 24 مىڭ قولىيازما نۇسخىسى ساقلىنىۋاتقات بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى نۇسخا بىر–بىرىگە ئوخشاشمايدۇ .

بۇ يەردە بىزنىڭ ئەسكەرتىپ ئۇتۇدىغىنىمىز ئىنجىللارنى يازغان يازغۇچىلار شۇ زامانىدىكى ئىلىم–مەرىپەتنىڭ مۇتلەق پادىشاھى بولغان ئارستۇتىل ( 384–322 ق م ) نىڭ تېئورلىرىنى ئىنجىللىرىغا ئىلاھى تېكىست سۈپىتىدە كىرگۈزگەن . بۇ ئىلاھى خۇسۇسىيىتى يوقاتقات كىتاپلار خرىستىيان دۇنياسىنى ئاسارەت ۋە جاھالەت ئۆڭكۈرىگە ئىتىرىپ شۇنداق چىرىكلاشتۇرۋەتكەنكى ، يوپلار ئۆزلىرىنى يەرشارىدىكى الله نىڭ سايىسى دەپ ئاتىشىپ ئاتالمىش "مەغپىرەت چېكى "نى ياساپ ئاخىرەتتىكى جەننەتنى كېلولاپ ئالتۇنلارغا ساتقان ...!

خەلقنىڭ ئاق سۆڭەكلەرگە قارشى ھەققانى ئازاتلىق ھەركەتلىرىنى ئەيسائەلەيھىسسالامنىڭ « بىراۋ ئوڭ ئىڭىكىڭگە ئۇرسا سول ئىڭىكىڭنى تۇتۇپ بەر » « ياقاڭغا ئېسىلسا چاپىنىڭنى سېلىپ بەر » دېگەن تەلىماتىغا ئۇيغۇن ئەمەس ، الله كەمبغەللەرنى بايلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ياراتقان . بۇنىڭغا قارشى چىققانلىق الله نىڭ

ئەمرىگە قارشى چىققانلىق دەپ خەلقنىڭ ھەققانى ھۆرلۈك ھەركىتىگە قاتتىق بۇزغۇنچىلىق قىلغان . شۇنىڭ بىلەن كىشلەر بۇ خىلدىكى چىركاۋ دىنىنىڭ ئىنسانىيەت ئىدىيىسىنى زەھەرلەيدىغانلىقىنى بىلىپ « دىن خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن » دېگەن قاراشقا كەلگەن.

16– ئەسىرگە كەلگەندە ياۋرۇپا ئەللىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ ئاقارتىش ئىشلىرى ئالغا سىلجىشقا باشلىغاندا ئىلىم–پەن تەرەپدارلىرى بىلەن چىركاۋ ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىشكە باشلىغان .

1654 يىلى باش روھانى « جېمىس ئىششىر» تەۋراتتىكى « يارىلىش بابى » غا ئاساسلىنىپ يەرشارىنى مىلادىدىن ئىلگىرى 4004 يىلى يارىتىلغان دەپ يەكۈنلەپ چىقتى . بارچە خرىستىيانلار بۇنى قوبۇل ئېتىپ شۇنىڭدىن كېيىن بېسىلغان تەۋراتلارغا ئىلاھى تېكىست سۈپىتىدە كىرگۈزۈۋەتتى . تېخىمۇ كۈلكۈلۈك يېرى شۇكى ئۇزاق ئۆتمەيلا تەۋرات ۋە ئىنجىل ئالىمى « لايت فونت » يەرشارى مىلادىدىن ئىلگىرى 4004 يىلى 26– ئۆكتەبىر ئەتىگەن سائەت 9 دا يارىتىلغان دېگەننى كۆتىرۈپ چىقتى .بۇ ئىنجىلچە « ھەقىقەت » تە يەرشارى بىلەن ئىنسان بىر ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا كەلگەن دېگەن چىركاۋ ئېتىقادى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى .ۋە ھالەنكى پالېئونتولوگىيلىك تەكشۈرۈشلەر تاشقا ئايلانغان ئورگانىزملارنىڭ 12 يېرىم مىليارد يىل بۇرۇن دېڭىزدا پاشىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . نۆۋەتتە دېڭىز يۈزىدە 9800 قەدەم ئېگىزلىكتىكى تاغلار بايقالدى . بۇنداق دېگەنلىك 12 يېرىم مىليارد يىل جەريانىدا تا غ 9800 قەدەم ئېگىزلىگەن . شۇنداقلا يەرشارىنىڭ ئىروزىيىلىشمۇ ناھايىتى ئاستا بولۇپ بۇنىڭدىن يەرشارىنىڭ يېشى نەچچە مىليارد يىللارغا قايتىدۇ . ئەمما قۇرئان كەرىم يەرشارى يارىتىلىپ بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:âهَلْ أَتَى عَلَى الْإِنْسَانِ حِينٌ مِنَ الدَّهْرِ لَمْ يَكُنْ شَيْئاً مَذْكُوراً. إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ مِنْ نُطْفَةٍ أَمْشَاجٍ(الانسان: من الآية2)á«ھەقىقەتەن ئىنسانغا شۇنداق بىر زامان ئۆتتىكى ، ئىنسان دېگەن مەۋجۇدىيەت تىلغىمۇ ئېلىنمايتتى.(يەنى يەرشارى ئىنسان دېگەن مەخلۇقتىن خالى ئىدى. بىز ئىنساننى ئەركەك ۋە چىشى جىنسىنىڭ ئارلاشما مەنىسى [ زىگوتا ] دىن ياراتتۇق» [ س / ئىنسان :–2–1 ئا ] .

ھەدىس شېرىپتە يەرشارىنىڭ كائىناتلارنىڭ مەركەز ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان . ﴿قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَوْ كَانَتْ الدُّنْيَا تَعْدِلُ عِنْدَ اللَّهِ جَنَاحَ بَعُوضَةٍ مَا سَقَى كَافِرًا مِنْهَا شَرْبَةَ مَاءٍ﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام « ناۋادا دۇنيا ( يەرشارى ) الله نىڭ نەزرىدە پاشىنىڭ قانىتچىلىك بولغان بولسا ئىدى ، كافىرنى بىر تېمىم سۇ بىلەن سۇغارمىغان بولاتتى » [ تىرمىزى ] .

چىركاۋنىڭ ھۆكمى « ئىلاھنىڭ ھۆكمى » بولۇپ كىمكى بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرسە ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى .

ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلىم – پەننىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ بەزى تەبىئىي پەن ئالىملىرى تەرىپىدىن تەۋراتقا ئىتىراز بىلدۈرۈش باشلاندى . چىركاۋ بۇنى يامان غەرەزلىك قوللاربىلەن ئىلاھى سۆپىتىنى يوقاتقان « تەۋرات » ۋە « ئىنجىل » نىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىتىراز بىلدۈرگەنلىك دەپ ئىسپانىيەدىكى پوپىنىڭ پەرمانى بىلەن 1478– يىلى سوت مەھكىمىلىرى قۇرۇلدى . ئۇزاققا ئۆتمەي بۇ خىلدىكى مەھكىمىلەر ياۋروپانىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۇمۇملاشتى . بۇ مەھكىمىلەر 18 يىل جەريانىدا 1481 يىلدىن 1499 يىلغىچە 10220 كىشىنى تىرىك كۆيدۈرۈشكە ، 6860 كىشىنى سازايە قىلغاندىن كېيىن دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى ۋە 96030 كىشىنى ھەرخىل جازالار بىلەن جازالىدى.

ئېيتاليۇق ، ئىتالىيە فىزىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىمي گالىلى ( 1642–1561 ) يەرشارىنىڭ ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا چىركاۋ ئارىستوتېل مىلادىدىن بۇرۇنقى 322–384 يىللىرى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان يەرشارى ئالەمنىڭ مەركىزى ، يەرشارى ھەركەتلەنمەي تىنچ تۇرىدۇ ، قۇياش، ئاي، پلانېتلار ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىنى ئايلىنىپ ھەركەت قىلىدۇ دېگەن قاراشنى ئىلاھىي تەلىمات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ ( اللهنىڭ ئوغۇلى ئەيسا ) يەرشارىدا ياشىغان . شۇڭا كائىناتلارنىڭ مەركىزى بولغان يەرشارى تۇرغۇن بولۇپ باشقا كائىناتلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا دەۋر قىلىش كېرەك دەپ گالىلىنى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغان .

قۇرتۇبەدىكى [ ھازىرقى ئىسپانىيەدىكى بىر شەھەر] ئىسلام ئالى مەكتىپىدىن ئوقۇپ تەجرىبىيە پېنىنى ياۋروپاغا ئېلىپ كىرگەن ئاتاقلىق پەيلاسوپچى "فرەنسىس بېكون" [1626– 1561 ] نى دەھرى دەپ قارىلىدى.

تەۋراتنىڭ ( يارىلىش بابى ) دىكى « الله نۇر بىلەن زۇلمەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى ۋە نۇرنى كۈندۈز ، زۇلمەتنى كېچە دەپ چاقىردى .[ 1– بۆلۈم 5–4– بۆلەك ] دېگەن تېكىستىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كىمكى بۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلسا تەۋراتنىڭ تەلىماتىغا قارشى چىققانلىق بولىدۇ دەپ ماي بىلەن يورىدىغان چىراقنى كەشىپ قىلغان گېرمانىيىلىك ئىنژېنېرنى سىياسى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان .

نيۇتون ( 1727–1642 ) تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىققاندا چىركاۋ ھېچقانداق سەۋەبسىز بۇ كەشپىياتقا قارشى چىقىپ نيۇتوننى دىنسىز دەپ قارىلىدى . ماھىيەتتە بولسا ، نيۇتون ئۇنداق ئەمەس ئىدى . ئۇ « بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىدا شەكلەنمەڭلار ، چۈنكى يا تاسادىپىلىق يا ئەقىلسىز ۋە بىلىمسىز تەبىئەت ئىنچىكە تۈردە سىستېمىلىق ھەركەت قىلۋاتقان مۇشۇ كۆركەم كائىناتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ۋە شۇنداق دەپ ئېتقاد قىلىشمۇ ئەقىلغا سىغمايدۇ » دېگەن •.

---

•– نيۇتوننىڭ بۇ سۆزى " چىن ھەقىقەتنى ئىزدەش " ناملىق كىتاپتىن نەقلى قېلىندى.

چىركاۋ نىيۇتونغا زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن ، كېيىنكى ئەۋلاد زىيالىرى تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى ئاتېئىزملىق ۋە ماتېرىيالىزملىقنىڭ بىردىن–بىر پاكىتى قىلىۋالدى . چۈنكى تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىققانلىق ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىرىنچى تەۋراتنىڭ ئىلاھىي كىتابلىقىغا رەددىيە بەرگەنلىك ، ئىككىنچى ئىلاھىي قۇدرەتنى ماددى كۈچ بىلەن ئىزاھلىغانلىق ئىدى . شۇنداق قىلىپ چىركاۋ ئىنسانىيەت تارىخىدا الله نىڭ نامى بىلەن كەچۈرگىسىز جىنايەت ئۆتكۈزدى . دىن ۋە ئىلىم–پەندىن ئىبارەت بۇ ئىككى قوش كېزەكنى ئايرىۋېتىشقا تۈپ سەۋەپچى بولدى .

چىركاۋنىڭ ئىلىم–پەن ئالىملىرىغا ۋە ئىلىم–پەنگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق سەۋەپ تۈپەيلى ھەرقانداق بىر غەربلىك زىيالىنىڭ ئىدىيىسىدە دىن بىلەن ئىلىم–پەن ئارىسىدا كېلىشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان زىدىيەت بار دەپ ئۇلار ئارىسىدىكى ئورگانىك ئورتاقلىقنى تۈپتىن ئىنكار قىلاتتى . بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى يەنىلا ئىلاھىي خارەكتېرى يوقىتىلغان تەۋراتنىڭ «يارىلىش بابى» دىكى 2– بۆلۈمنىڭ ئاخىرىسىدا ۋە 3– بۆلۈمنىڭ بېشىدا ئېيتىلىشىچە ( ئادەم ئاتىمىز جەننەتتە يېيىش چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسى بولىسا ، [ مەرىپەت دەرىخى ] بولۇپ ئادەم ئاتىمىز ئۇنى يېگەندىن بىلىمى ئېشىپ ئاشقان ئىمىش ، شۇنىڭ بىلەن الله ئادەم ئاتىمىزغا غەزەپلىنىپ جەننەتتىن قوغلىغان ئىكەن ) شۇ سەۋەپ ياۋرۇپالىقلار مۇسۇلمانلار يۈرتىدىن كەلگەن " كوسمولوگىيە " گە ئائىت ئىلىم–مەرىپەتنى قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە ساق ئىككى ئەسىر بەس–مۇنازىرە قىلغان ئىدى . چۈنكى پوپلار ئىلىم–پەن ۋە مائارىپچىلىقنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىرىنچى خاتالىق دەپ ھۆكۈم قىلاتتى . پوپلار بۇ ھۆكۈمگە تەۋراتتىكى مەزكۇر ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى دەلىل قىلغان ۋە شۇڭا ئىلىم–پەننى تەلتۆكۈس رەت قىلىش بىلەن بىرگە تۈپ ئاساسىدىن مۇسادىرقىلغان .

ئادەم ئاتىمىزنىڭ تەرجىمھالى قۇرئان كەرىمدىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، ئادەم ئاتىمىزنى پەرىشتىلەردىن بىردىن —بىر ئەزىز قىلغان نەرسە ئىلىم — مەرىپەت ئىدى. قېنى بىز الله نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى بىرگەمۇلاھىزە قىلايلى:â وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَنْ يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لا تَعْلَمُونَ. وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى الْمَلائِكَةِ فَقَالَ أَنْبِئُونِي بِأَسْمَاءِ هَؤُلاءِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ. قَالُوا سُبْحَانَكَ لا عِلْمَ لَنَا إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَا إِنَّكَ أَنْتَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ. قَالَ يَا آدَمُ أَنْبِئْهُمْ بِأَسْمَائِهِمْ فَلَمَّا أَنْبَأَهُمْ بِأَسْمَائِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُلْ لَكُمْ إِنِّي أَعْلَمُ غَيْبَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَأَعْلَمُ مَا تُبْدُونَ وَمَا كُنْتُمْ تَكْتُمُونَ.وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ) (البقرة:30 - 34) á

«ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە:[ مەن يەر يۈزىدە ئورۇنباسار يارىتىمەن ] دېدى پەرىشتىلەر : [ يەريۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ، قان تۆكىدىغان شەخسنى ئورۇنباسار قىلامسەن ؟ ۋەھەلەنكى.

بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىلەيمىز ۋە ھەممە نۇقساندىن خالى بىلىپ دەپ ماختايمىز ] دېدى . ﷲ [ مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن ] دېدى .ﷲ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى نامىلىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى ، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ (ئورۇنباسار بولۇشقا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، قېنى بۇ شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار] دېدى . پەرىشتىلەر : [ بىز سېنى بارچە كەمچىلىكتىن پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن ] دېدى . ﷲ ئى ئادەم ! سەن ئۇلارغا بۇ شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئېيتىپ بەرگىن ] دېدى . ئادەم ئۇلارغا ئۇ شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئېيتىپ بىرىۋىدى ﷲ پەرىشتىلەرگە : [ مەن سىلەرگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبىلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن ، ۋە شۇنداقلا ئاشكارا ۋە يۇشۇرۇن ئىشىڭلارنىمۇ ھەم بىلىپ تۇرىمەن ، دېمىگەنمىدىم ] دېدى. شۇ سەۋەبلىك بىز پەرىشتىلەرگە : [ ئادەمگە ھۆرمەت سالىمى قىلىڭلار ] دېدۇق. ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى ئادەمگە ھۆرمەت سالىمى قىلدى ، ئىبلىس ھۆرمەت سالىمى قىلىشتىن باش تارتتى ، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كافىرلاردىن بولۇپ كەتتى » .

ئىلىم–پەن رەھبەرلىرى چىركاۋ ئۈستىدىن غەلبە قىغاندىن كېيىن پوپلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن دىنىنى تۈپ ئاساسىدىن مۇسادىرە قىلىشنى مەقسەت قىلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك كەسكىن كۆرەش ئارقىلىق بۇ مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرغان . شۇنى ئەسكەرتىڭ ئۆتۈش كېرەككى ، ئىلىم–پەن ئەربابلىرى چىركاۋ بىلەن بولغان مەۋجۇدلۇق جېڭىدە غەلبە قىلىش يولىدا بەزى مەسىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشتا يېنىكلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بارغان.جۈملىدىن ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بەزى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلغان .

ھۆرمەتلىك كىتاپخان ..!سىز يۇقۇرقىلاردىن] دىن بىلەن ئىلىم–پەن ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان زىددىيەت بار[ دېگەن گەپنىڭ نەدە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى ، قانداق شارائىت ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى، ۋە قايسى (دىن) سەۋەبلىك ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتتىڭىزغۇ دەيمەن. سىز تارىخ سەپلىرىنى بىردىن– بىر ۋاراقلاپ كۆرسىڭىزمۇ ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ بىرەر پەننى ئالىمغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئۇچۇرتالمايسىز . چۈنكى ئىسلام دىنى ئىلىم – مەرىپەتئۈستىگە قورۇلغان دىندۇر. ئېيتايلۇق، ئىسلام دىنىدا ئەڭ بىرىنچى پرىنسىپال مەسىلە ئىمان مەسىلىسى بولۇپ ، ئىماننىڭ قارغۇلارچەتەقلىدچىلىك ئۈستىگە قورۇلماستىن ئىلىم – مەرىپەت ئۈستىگە قورۇلۇشى شەرت قىلىنىدۇ . ﷲ بۇ ھەقتە :â فَاعْلَمْ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ)(محمد: من الآية19)

« بىر ﷲ دىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەن چىن ھەقىقەتنى ئىلمىي ئاساستا تونۇپ يېتىڭلار » دەيدۇ. ئىسلام ئالىملىرى مۇشۇ ئايەتكە بىنائەن تەقلىدچىلىك بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ئىمانى ھەققىدە بۇ خىلدىكى ئىمان

قۇرئان تەلەپ قىلغان ئىماننىڭ ئۇچىمىگە توشامدۇ ، مەزكۇر ئايەتكە ئۇيغۇن كىلەمدۇ ياكى ئۇيغۇن كەلمەمدۇ دەپ ئىختىلاپ قىلىشىدۇ .بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا يامان غەرەزلىك بىلەن قىلغان تۆھمىتى سىزنىڭ كۆزىڭىزنى ھەقنى كۆرۈشتىن چەكلەپ قويمىسۇن .

ھۆرمەتلىك كىتابخان! بىز سىزنىڭ ئىدىيىڭىز ۋە غايىۋىي يۆلۈنىشىڭىزنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر «ھەقىقەتنى ئىزدەش» ئاساسىدا ئىسلام دىنىنى ئىلمىيلىك ، سەممىلىك ۋە ئوبيېكتىپلىق بىلەن ھەرتەرەپلىمە چوڭقۇر مۇلاھىزە ۋە ئانالىز قىلىپ ئۇنىڭ سىياسىي قانۇن ، ئەخلاق –پەزىلەت

ۋە قىممەت قارىشى...قاتارلىقلار بىلەن ياخشى تونۇشۇپ، اﷲنىڭ رىزالىقى ۋە جەننىتى بىلەن زەپەر قۇچۇشىڭىز ۋە ئاخىرەتتە جازالىنىشتىن قۇتۇلىشىڭىز ئۈچۈن قالغان ھاياتىڭىزدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ قانۇن–تۈزۈملىرىگە سىجىل رئايە قىلىشىڭىزنى قىزغىن تەشەببۇس قىلىمىز ..

بىز بۇ تېمىغا تەئەللۇق سوئالىڭىز بولسۇن ياكى باشقا سوئالىڭىز بولسۇن ھەرۋاقىت جاۋاب بىرىشكە تەييار . ئەقلىنى ھۆرمەتلەيمىز ، دەلىل پاكىتقا ئىشىنىمىز .

ئاخىرىدا اﷲ ھەممىزگە ھەقنى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر قوبۇل قىلىدىغان ئاڭ–سەۋىيەنى ئاتا قىلىشنى ۋە ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىمىزگە مۇيەسسەر قىلىشنى تىلەيمەن ... ئى بۈيۈك اﷲ..! بىزنى دىلى كۆر ھەقىقەتكە تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ئىدىيىسى پاسىپ ئاغمىچىلاردىن قىلمىغىن.. ئامىن ..!

ئەبۇ ئەكرەم ئەھمەد

الخميس, 10 صفر, 1422

ئىسلام ئاۋازى تور بېتى

www.islamawazi.net